# قىزىم

(شېئىرلار)

ئانارگۈل ئابدۇرسۇل سەبىر

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# 1

## كەچكۈزدىكى لىرىكا

ئېلىپ قاچتى كەچكۈز شاملى،
گۈزەل يازنىڭ ئىللىق چېھرىنى.
دۈگدەرەپتۇ گۈل ـ گىياھلارمۇ،
سېغىنغاندۇ يازنىڭ مېھرىنى.

خازان بولغان يوپۇرماقلارمۇ،
سەرسان ئۇچۇپ يۈرەر كوچىدا.
ئىسسىق ماكان ئىزدەپ قۇشلارمۇ،
ئۇچۇپ كەتتى يىراق ـ يىراققا.

ئولتۇرىمەن خىيال ئىلكىدە،.
مۈزدەك سوغوق تاش ئورۇندۇقتا.
گەرچە جاندىن ئۆتسىمۇ سوغوق،
خىياللىرىم توڭمىغەس ئەمما.

ئۆچتى يەنە خىيال كەپتىرىم،
سىنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرگە.
بىللە ماڭغان غازاڭلار دەسسەپ،
ئاشۇ كەچكۈز يەتتى ئېسىمگە.

ھەر پەسىلدە ئۆزگىچە خاسلىق،
كەچمىشلەردە گۈزەل لىرىكا.
ئەسلەش سىنى شۇنچىلىك شىرىن،
سوغوق جاندىن ئۆتىدۇ ئەمما.

**2**

## كۈتۈش

ئۆيقۇ قاچتى كۆزۈمدىن ئويلاپ سىنى،
ئايان بولار خىيالىمدا سىمايىڭ.
ئارام بەرمەي قىينايدىغۇ جىنىمنى،
ماڭا ھەردەم باققان ئوتلۇق نىگاھىڭ

چۈشلىرىمدە كۆرسەم ئاھۇ كۆزۈڭنى،
ئايرىلمىسام قېنىۋالسام جامالىڭ.
ئاڭلاپ سېنىڭ شىرىن ـ تاتلىق سۆزۈڭنى،
ئويغانغاندا كۆرسەم ئىدىم دىدارىڭ.

ئاھ نەقەدەر شىرىن تۇيغۇ مەندىكى،
بىراق شۇنچە يىراقتىسەن سىردىشىم.
ئۇيقۇڭ قاچسا سەنمۇ مېنى ئويلامسەن،
ئالارسەنمۇ شامالLاردىن ھىدلىرىم.

ئۇيقۇ يوقتۇر كۆزلەرىمدە بۇ ئاخشام،
ھىجران ئوتى ئارام بەرمەس دىلىمغا.
يۇلتۇزلارغا قۇشۇلۇپ كۆتەي سېنى،
سەنمۇ قوشۇل مىنى كۆتكەن يۇلتۇزغا.

**3**

# هىجران

كەلگەنلەرنىڭ كىتىشلىرى بار،
يۈرەكلەردە قالدۇرۇپ ھەسرەت.
ھىجرانلاردا كۆزلەرنى ياشلاپ،
سىغىندۇرۇپ قىينايدۇ مىڭ دەرت.

كەلمە ئەمدى كىرمە كۆڭلۈمگە،
سەنمۇ ھامان كىتىسەن تاشلاپ.
يالغۇزلۇقتا مەھكۇم ۋۇجۇدۇم،
غېرىپلىقنى كەلمىگىن چىللاپ.

باقما مۇڭلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن،
مىسكىن دىلىم بېرەلمەس بەرداش.
بولدى كەتكىن قالاي مەن يالغۇز،
يۈلتۈز لارغا بولۇپ مەن مۇڭداش.

# 4

# قىزىم

ئاق قىزىم، ئاپپاق قىزىم ئايدەك قىزىم،
تىللىرى شېرىن ـ شېكەر مايدەك قىزىم.
سەن تۇغۇلۇپ شاتلىققا تولدى بۇ ئۆيۈم،
سەزدىم ئۆزۈمنى مەن گويا بايدەك قىزىم.

سەن ئۆيۈمنىڭ زىننىتى ئەركە بوۋاق،
كۆزلىرىڭ مىسلى كۆلۈپ تۇرغان بۇلاق.
قىلىقلىرىڭ بەكمۇ چۈچۈك بەكمۇ ئوماق،
سەن بىلەن ئۆيۈم چاھار باغدەك قىزىم.

يايراپ كېتەر يۈرىكىم ئانا دېسەڭ،
بولمىقىڭنى ئىشتىھا بىلەن يېسەڭ.
زەپ يارىشۇر ئۇچاڭغا نىمە كىيسەڭ،
سەن ئۆيۈمنىڭ گۈلتاجى خاندەك قىزىم.

كۆندە نەچچە يىغلىنار قىلىقلىرىڭ،
گويا ئاپار پۈرايدۇ تىننىقلىرىڭ،
زەپ يېقىملىق كۈلگەندە ۋىلىقلىرىڭ،
كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى سەن ئايدەك قىزىم.

ئەركىلەيسەن كەلتۈرۈپ ئامراقلىقىم،
سەن مېنىڭ باغرىم جىگىرىم بايلىقىم.
سەن ھاياتىم ،سەن ئۈمىدىم بارلىقىم،
سەن بىلەن كۆڭلۈم ئۆسەر تاغدەك قىزىم.

چىدىماسمەن ئايرىلىشقا دەقىقە،
سېنىڭ بىلەن نۇرلىنىدۇ دىلخانە.
سەن چىراغسەن مەن گوياكى پەرۋانە،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرىسەن جاندەك قىزىم.

**5**

# نەپرەت

سۆيگۈ ئىزدەپ باقما كۆزۈمگە،
چۈشەنمەيسەن كۆزلىرىم بىر سىر.
يىتەلمەيسەن تەكتىگە مەڭگۈ،
سەن نا تونۇش ماڭا بەرىبىر.

بىرەلمەيمەن ئىشەنچىمنى ھەم،
يۈرۈكۈمدىن يۇقالغان سايەڭ.
تەلپۈنۈشلەر توزىسۇن قۇمدەك،
ئىرىتەلمەس قەلبىمنى نالەڭ.

كۆزلىرىمدىن يالقۇنجار بىر ئوت،
كۈل بولسەن باقمىغىن قايتا.
ئۆز-ئۆزەمگە چاچرىتىپ نەپرەت،
كۆيۈپ ،كۆيۈپ يوقايمەن ئاستا.

## 6

# دوستۇمغا

تۇنجى قاردەك بىغۇبار قەلبىڭ،
چاڭ قونمىغان سۈپ ـ سۈزۈك شۇنچە.
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلەر مېھىر،
تاتلىق سۆزۈڭ گوياكى ئۈنچە،

سۆيگۈ بەردىڭ دىلىڭدىن ماڭا،
يىقىلسام گەر يۆلىدىڭ دائىم.
يىغلىغاندا مېھرىڭ تەسەللى،
كۈلسەم يەنە بولدۇڭ ھەمراھىم.

دوستلۇقۇڭدىن يايرىدى كۆڭلۈم،
ئىككى دۇنيا ئايرىلماس بولساق.
بەخت قۇچۇپ گۈزەل مەنزىلدە،

چىن يۈرەكتىن شاتلىققا تولساق.

## 7

## هەسرەت

هەسرەتلىك يېشىمنىڭ گۇۋاھچىسى بوپ،
تولۇنئاي يۇچۇقتىن نازلىنىپ باقار.
تۈنەيدۇ دۇنيا ھەم خىياللار ئارا،
دۇنيارىم قوينىدا ھەسرىتىم ئاقار.

دۇنيارىم قوينىدا ھەسرىتىم ئاقار،
تاغلارنى باغاشلاپ ئاققان سەل كەبى.
كۆزلىرىم ئىزدەيدۇ يىراق ئۇپۇقتىن،
دىللارنى يورۇتار شۇ نۇر ـ زىيانى.

دىللارنى يورۇتار شۇ نۇر ـ زىيانى،
كۈتىمەن يىراقتىن كۈتىمەن دائىم.

دىلىمدا ھەسرەتكە ياندىشقان ئۈمىد،

تولۇنئاي باقىدۇ بولۇپ ھەمرايىم.

## 8

## ھايات

يىغلاتماقچى بولدۇڭمۇ ھايات،

مەنزىلىمگە قۇرۇپ توزاقلار،

يۈرىكىمنى تىلىپ تىغلىرىڭ،

كۆزلىرىمدىن ئاققۇزۇپ ياشلار.

نېئمىتىڭگەن ،سوۋغاڭگەن بىلسەم،

پۇتلىرىمغا كىرگەن تىكەنلەر.

ئاجىز كەلدىم كۆلۈپ ياشاشقا،

يۈرىكىمنى باستى ئەلەملەر.

ھېچبىر كىشى چۈشەنمەس دەردىم،

كۆلكەمنىلا كۆرەر ئادەملەر.
بوپتۇ ھايات كۆنەي ھەممىگە،
ئىزلىرىمدىن ئۈنگۈسى گۈللەر.

**9**

## ياۋا ئەتىرگۈل

دالىدا ئېچىلغان ياۋا ئەتىر گۈل،
غولىمۇ بىر تاللا يوپۇرمىقى ھەم
ھەر سەھەر سۆيگەندە شەبنەم تېنىنى،
بارچە گۈزەللىك ئۇندا مۇجەسسەم.

قىشتا ئۇ توڭلىماس يازدا قۇرىماس،
شۇرغان جۇدۇنغا تىز پۈكمەس ئەسلا
شۇنچىلىك جەسۇركى ياۋا ئەتىرگۈل،
سۆيگۈسى قۇياشنىڭ بىرىپ نۇر-زىيا.

قايىلمەن، دىلىمدىن ئاپىرىن ئېيتىمەن،
بىر خىللا تۇرىدۇ ئۆزگەرمەيدۇ ھىچ.
ساختىلىق ئەزەلدىن ياتتۇر جىسمىغا،
ياشايدۇ ھەرۋاقىت، شۇڭا تىپ ـ تىنىچ.

غولىمۇ بىر تاللا يوپۇرمىقى ھەم،
بارچە گۈزەللىك ئۇندا مۇجەسسەم.
سۆيىمەن چىن دىلدىن ياۋا ئەتىرگۇل،
ساقلىسۇن تىنىچ ـ ئامان ياراتقان ئىگەم.

## 10

## پۇل ۋە قول

دەرت تارتىپسەن سىڭلىم يەتكۈچە،
خوۋلۇق يوقكەن كۆرگەن كۈنۈڭدە.
سەبىيلىكتىن بالدۇر ئايرىلىپ،
ئىزنا ساپتۇ ئازاپ كۆزۈڭگە.

يېشىڭ ئونغا يەتمەستىن تۇرۇپ،

تەلمۈرۈپسەن يات ئىشكلەردە.

كۆرەلمەپسەن مەكتەپ يۈزىنى،

خوشاللىق يوق سۈلغۇن يۈزۈڭدە.

بەختىڭ بەكمۇ كاچ ئىكەن سىڭلىم،

داداڭ تۇرۇپ بولۇپسەن يىتىم.

گاھ مۆدۈرۈپ،گاھى يىقىلىپ،

ئاجىزلاپتۇ شۇ كىچىك تىنىڭ.

كىيىملىرىڭ رەڭگىدىن قالغان،

چاچلىرىڭمۇ چۇۋۇق،تاراقسىز.

يۈزلىرىڭدە ھەرخىل رەڭ ئارىلاش،

پۇتلىرىڭمۇ قاپتۇ ئاياقسىز.

ئەسلى داداڭ بىقۇۋۇل ئىنسان،

بىر سەۋەپتىن كور بوپتۇ كۆزى.
سەبىر قىلماي شۇ نادان ئاناڭ،
تاشلاپ سېنى قېچىپتۇ ئۆزى.

داداڭ بەكمۇ نامرات بولغاچقا،
داۋالىنىش كەپتۇ بەكمۇ تەس.
بولۇپقاپسەن بالا باققۇچى،
بۇمۇ سېنىڭ ئۆز رايىڭ ئەمەس.

ھەيدىلىپسەن نەچچە ئۆيلەردىن،
ئاجىز ھەمدە مىس ـ مىس قىزكەن دەپ.
دىلىڭ سۇنۇپ، بېشىڭ ئەگىلىپ،
چىداپسەنغۇ، شۇنچە ئەلەم يەپ.

ئۇچراپ قاپسەن ياخشى بىر ئۆيگە،
پەرۋىش قىلىپ ئاسراپتۇ سېنى.
بېرىپ ساڭا دىلىدىن مېھىر،

سوۋغا قىپتۇ بالىلىقىمنى.

سەنمۇ چەبدەس، ئىشچان بولغاچقا.
ئۆز ئۆيۈڭدەك كۆنۈپ كېتىپسەن.
چىن دىلىڭدىن كۆلۈپ ئاخىرى،
قىزىل گۈلدەك رەڭلەر تۈزۈپسەن.

بىراق داداڭ ئەكەتمەك بولۇپ،
قاپاق تۈرۈپ كەپتۇ بۇ ئۆيگە.
ئۆسمىسە گەر قىزىمنىڭ ھەققى،
بىرەلمەيمەن ئەمدى سىلەرگە.

ئاڭلاپ بۇنى مېھرىبان ئايال،
كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپتۇ.
لېكىن ئېرى قۇشۇلماي گەپكە،
نامرات دادىغا قاپاق تۈرۈپتۇ.

ئەكىتىپتۇ دادا قىزىنى،

ئەمدى خەققە بەرمەيمەن دەپتۇ.
قىزمۇ رايىش،يۈۋاش بولغاچقا،
بۇ تۇرمۇشقا تېزلا كۈنۈپتۇ.

ئۇنۇتالماي مېھرىبان ئايال،
ئىزدەپ بېرىپ تېپىپتۇ قىزنى.
بىراق كۆرۈپ قىزنىڭ تۇرقىنى،
تاپالماپتۇ ئاۋالقى ئىزنى.

قىزچاق يەنە كونا كىيىمدە،
رەڭگى ئۆڭگەن،پۇتى يالڭاچ.
بولدى كىتىڭ مەن بىلەن بىرگە،
دەپتۇ قىزغا ئىچى ئاغرىغاچ.

ئۇنىماپتۇ دادام يالغۇز دەپ،
شۇ سەۋەبى قىز چوڭلاردەك سالماق.
چىڭ قۇچاقلاپ چىن مېھرى بىلەن،

بوپتۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئالماق.

دادا ،بالا قوشۇلالماپتۇ ،
بۇ ئايالنىڭ ئىللىق مېھرىگە.
ئازراق كۆڭلىنى قىلىپ ئىپادە ،
كەتمەك بوپتۇ ئاخىر ئۆيىگە.

ئۆزى يولدا خىيالى قىزدا ،
مۇشۇ قىزنىڭ تەغدىرىمدۇ.
قېنى ئىستەك سەببي قىزدىكى ،
ئاھ،ئۇ تېخى غۇنچە ئىدىغۇ.

يوللار توپا ،ئەتراپ جىمجىتلىق ،
ئۇزۇلمەپتۇ ئۇنىڭ خىيالى.
ئويلاپ ئاخىر تېپىپتۇ چارە ،
خوشاللىقتا يايراپتۇ دىلى.

ئاپتۇ قىزغا دەپتەر،قەلەملەر ،

ئاپتو يەنە يېڭى كىيىملەر.
ئارىسىغا ساپتۇ ئازراق پۇل،
ئالسا قىزچاق نۇرغۇن بىلىملەر.

ۋەدە ئاپتۇ نامرات دادىدىن،
قىزى ئۇچۇن مەرىپەت تىلەپ.
ياشقا تولۇپ قىزنىڭ كۆزلىرى،
قاپتۇ خېلى دىلى يېنىكلەپ.

بىراق ئارمان پېتىچە قاپتۇ،
قىزچاق ئۇچۇن گۈزەل ئىستەكلەر.
كاج تەغدىرنىڭ قۇربانى بولۇپ،
غۇۋالىقتا قاپتۇ جۇپ كۆزلەر.

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

### ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، مەرھابا دىلمۇرات

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net